# 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
# تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

سانجى شەھىرىنىڭ لىيۇگۇڭ بازىرى شىسەنخۇ كەنتىدە

# مەدەنىي يېزا ئىستىلى كەسپلەرنىڭ روناق تېپىشىغا تۈرتكە بولدى

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن

گەرچە كەنتنىڭ ئىسمى «شىسەنخۇ» بولسىمۇ، ئەمما بۇ كەنت سانجى شەھىرى لىيۇگۇڭ بازىرىدىكى چوڭ كەنت، 540 ئائىلىلىك 1644 كىشى بار. «كەنتىمىزدە كەنت ئىستىلى دۇرۇس، كىشىلەر قەلبى بىردەك، كۆپچىلىك يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تېز يۈگۈرمەكتە» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىسەنخۇ كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى فېڭ جيەنجۈن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىسەنخۇ كەنتى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش، كەنت ئاھالىلىرى كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىش ئارقىلىق يېزا ئىستىلى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشقا قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

### ئېكولوگىيەسى ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان سەھرا مەنزىرىسىنى بەرپا قىلىش

«كەنتىمىزنىڭ ئالدى ـ كەينى سۈزۈك سۇ، دېھقانلار ئولتۇرار قەۋەتلىك ئۆيدە.» كەنت ئاھالىلىرى ئېيتىدىغان بۇ قوشاق دەل شىسەنخۇ كەنتىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى.

كەنت بېشىدا تۇرۇپ قارىسىڭىز، تۆت ئەتراپنى قاپلىغان بېلىق كۆلچەكلىرىدىنى، سۇ قۇشلىرىنىڭ توپ ـ توپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىسىز. كەنتتە سېرىق تام، قىزىل ئۆگزىلىك قاتار ـ قاتار ئىككى قەۋەتلىك داچا شەكىللىك بىنا ئۆيلەر رەتلىك سېلىنغان. تۈپتۈز كەتكەن كەنت يوللىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا، كەنت ئاھالىلىرى كۆپ يىللار ئىلگىرى تىككەن تاشئالما قاتارلىق دەرەخلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسكەنىدى.

شىسەنخۇ كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ شەرەپ ئۆيىدە پارقىراپ تۇرغان بىر تەقدىرنامە تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە «جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل كەنت ـ بازار ئېكولوگىيە مۇكاپاتى» دېگەن خەت يېزىلغان. بۇ، 2017 ـ يىلى 5 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل كەنت ـ بازارلارنى باھالاشتا، شىسەنخۇ كەنتى ئېرىشكەن شەرەپ ئىدى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نەزەرىدە، بۇ تەقدىرنامىنىڭ ۋەزنى ناھايىتى ئېغىر.

«بىزنىڭ بۇ ئۆيىمىز شەھەرلىكلەرنىڭكىدىنمۇ ياخشى!» دېدى كەنت ئاھالىسى چېن شىڭلى.

2012 ـ يىلى، شىسەنخۇ كەنتى بىرتۇتاش پىلانلاپ لايىھەلەپ، مەركىزىي كەنتنى پۈتۈن كەنت بويىچە ئۆزگەرتىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. كەنت ئاھالىلىرى ئۆي سالسا ھۆكۈمەت 31 مىڭ يۈەن، كەنت كوللېكتىپى 19 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى بەردى، كەنت ئاھالىلىرى بىنالارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۆي قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 120 مىڭ يۈەندىن 180 مىڭ يۈەنگىچە پۇلنى ئۆزلىرى غەملىدى. يىل ئاخىرىغىچە، كەنت بويىچە 282 يۈرۈش ئىككى قەۋەتلىك داچا شەكىللىك بىنا ئۆي سېلىندى ھەم مەركىزىي كەنتتە مەركەزلىك پار بىلەن تەمىنلەش، سۇ بىلەن تەمىنلەش ـ يۇندى چىقىرىش، يولنى قاتتىقلاشتۇرۇش، يورۇتۇش، يەرنى كۆكەرتىپ مەنزىرىنى كۆركەملەشتۈرۈش قاتارلىق تۈرلەر تاماملاندى، كەنتنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى.

فېڭ جيەنجۈن مۇنداق دېدى: «كەنتىمىز گۈزەللەشتى، شىسەنخۇ كەنتى يەنە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە باشلامچىلىق بىلەن كەنت دەرىجىلىك مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى قۇرۇپ، كەنتنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمىتىدە شەھەرلەشتۈرۈپ، تۈجۈپەلەپ باشقۇرۇشقا تۈرتكە بولدى».

بۈگۈنكى كۈندىكى شىسەنخۇ كەنتىدە «كەسپ، مەنزىرە، تۇرالغۇ» گىرەلىشىپ بىر ـ بىرىنى تولۇقلىدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىستىلى مەدەنىيلىكنىڭ ئاساسى پۇختىلاندى.

### مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ يېزا ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈش

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىسەنخۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جاڭ جيايۇ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ دەرۋازىسىدىن خۇشال ھالدا چىقتى.

شىسەنخۇ كەنتى 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ كەنتنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بويىچە باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى ھەم كەنت قائىدىسى ۋە ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىگە كىرگۈزدى.

جاڭ جيايۇ كەنتنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشتىكى «ھويلا ئىچىدىكى ئۈچ ئىش» «ھويلا سىرتىدىكى ئالتە ئىش» تەلپى بويىچە، ھويلا ئىچى ـ سىرتىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تەلتۆكۈس تۈزدى. يېڭى بىر نۆۋەتلىك باھالاشتا ئائىلىسىنىڭ ياخشى باھاغا ئېرىشىشىدىن ئۈمىد بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ ناھايىتى خۇشال بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىسەنخۇ كەنتى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا ئىستىلى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ جېنى قىلدى. كەنت دائىم ھەر خىل شەكىلدىكى لېكسىيەنى قانات يايدۇرۇپ، ئايدا بىر قېتىم پۇقرالار چوڭ سەھنىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ھەر يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» «يېڭى يېزا ئاقىللىرى» ۋە «مەدەنىي ئائىلە» قاتارلىقلارنى باھالاشنى قانات يايدۇرۇشنا چىڭ تۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇلۇشىغا پائال ئاتلىنىشقا يېتەكلىدى.

«كەنت يەنە توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى يىغىنچاق ئۆتكۈزۈش، تېجەشلىك ئۆتكۈزۈش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قاتارلىقلارنى كەنت قائىدىسى ۋە ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىگە كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى» دېدى فېڭ جيەنجۈن. 2018 ـ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن كەنت بويىچە 300دىن ئارتۇق ھەشەمەتچىلىك نەسىھەت بىلەن توسۇلۇپ، ئاما ئۈچۈن 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل تېجەپ بېرىلدى.

### كەسپلەرنى روناق تاپقۇزۇپ ھاياتىي كۈچ قوشۇش

«مەدەنىي يېزا ئىستىلى كەسپلەرنىڭ روناق تېپىشىغا تۈرتكە بولدى.» بۇ، لىيۇگۇڭ بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بازار باشلىقى زېڭ جۈبىڭنىڭ شىسەنخۇ كەنتىگە بەرگەن باھاسى.

پارتىيە تەشكىلىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىسەنخۇ كەنتىنىڭ ياخشى يېزا ئىستىلى، ئاما ئىستىلى ئادەتكە ئايلىنىپ كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، كەنتتە ھەم تولۇپ ـ تاشقان مەدەنىي كەيپىيات ياراتتى ھەم كۆتۈرەڭگۈ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىسەنخۇ كەنتىگە جايلاشقان شىنجاڭ خەيۋېي بېلىقچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ زال ئىچى باقمىچىلىق مەيدانىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن 200گە يېقىن بېلىق تۇتۇش ھەۋەسكارى قارماق تاشلاپ بېلىق تۇتۇۋاتاتتى، كۆرۈنۈش ھەيۋەتلىك ئىدى. «زال ئىچى باقمىچىلىق مەيدانى ھەر كۈنى بېلىق تۇتۇش ھەۋەسكارلىرىغا ئېچىۋېتىلىدۇ، ھەر 20 كۈندە بىر قېتىم چوڭ تىپتىكى بېلىق تۇتۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ» دېدى بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى چېن گوجۈن.

چېن گوجۈن شىسەنخۇ كەنتىدىكى بېلىق ماھىرى بولۇپ، 20 نەچچە يىل بېلىق باققان. نۆۋەتتە ئۇنىڭ شىركىتىدە كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زال ئىچى باقمىچىلىق مەيدانى ۋە كۆلىمى 180 مو كېلىدىغان دالا باقمىچىلىق بازىسى بار. بېلىق باقمىچىلىقىدىن باشقا يەنە بېلىق يېتىشتۈرۈش ۋە ئاممىۋى بېلىق تۇتۇش تۈرلىرىمۇ بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە شىسەنخۇ كەنتىنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق كۆلىمى 1000 مودىن ئاشتى.

شىسەنخۇ كەنتى «شەھەر ئەتراپىدىكى كەنت» بولۇش سۈپىتى بىلەن، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ»نى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى قوغداپ، يېڭى پىتى ئىستېمال قىلىنىدىغان قوناق، كۆكتات تېرىقچىلىقىنى ئاساس قىلغان يېشىل يېزا ئىگىلىكى، دۇشى ساياھەتچىلىكىنى باشلامچى قىلغان پۇقراۋى قونالغۇ، دېھقانلار ئارامگاھى تەك ئىلگىرىلەيدىغان يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكى، قوي ـ كالىلارنى ئاساس قىلغان زامانىۋى باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى. جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىككە تايىنىپ، نۆۋەتتە پۈتۈن كەنتتىكى يېرىمىدىن كۆپرەك كەنت ئاھالىسى ئەتراپتىكى شەھەرلەرگە يۆتكىلىپ، 3 ـ كەسىپ مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2019 ـ يىلى پۈتۈن كەنت بويىچە ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 19 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«يېزا ئىستىلى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ، ‹ساقلاپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش› ئىدىيەسى تۈپتىن تۈگىتىلدى، ‹مەن ئىشلەيمەن› ‹بەسلىشىپ ئىشلەيمەن› ‹يېتەكلەپ ئىشلەيمەن› ‹ياردەملىشىپ ئىشلەيمەن› ئاللىقاچان شىسەنخۇ كەنتىنىڭ يېڭى يېزا ئىستىلىغا ئايلاندى» دېدى فېڭ جيەنجۈن.



قۇملۇقتا يېشىللىق بەرپا قىلىش

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، پاختا يىغىش ماشىنىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىكى بىڭتۇەن 1 ـ شى 10 ـ تۇەندە پاختا يىغماقتا. بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، بىڭتۇەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى قۇملۇقنىڭ چېتىدە يېشىل توسۇق بەرپا قىلدى.

□ ۋاڭ جىچىڭ فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ھۆكۈمەت ـ بانكا ھەمكارلىقى»، «ھۆكۈمەت ـ پوچتا ھەمكارلىقى»نى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر ئىشىك، بىر قېتىم، بىر تور»دا كىنىشكا بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئادەتتە كارخانا قۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ۋاقتى بەش خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلدى، رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاش ئىككى خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلدى، بازار سۇبيېكتىنىڭ چېكىنىپ چىقىش يوللىرى ئۈزلۈكسىز راۋانلاشتۇرۇلدى.

بازار تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئادىل رىقابەتلىشىش بويىچە تەكشۈرۈش بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تور بازىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى بازار باھاسى تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى، «پاختىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ـ قوغداش»، «تور شەمشىرى»، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش «تۆمۈر مۇشت» ھەرىكىتى، پاتېنت ۋاكالەت كەسپى «كۆك ئاسمان» ھەرىكىتى، «زومىگەر ماددىلار»نى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قىزىق لىنىيەسى «12315»نى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەرز قىلىش ـ پاش قىلىش يوللىرىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇردى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ساھەسىدىكى تارماقلار بىرلىشىپ «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، 27 تۈردىكى 71 تۈرلۈك ئىختىيارىي ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئىش تۈرىنى رەتلەپ، بېكىتىپ «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئىناۋەتنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇردى. 38 مىڭدىن ئارتۇق كارخانا ئۆز ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، تىجارىتى بىنورمال بولغان ۋە قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ ئىناۋەتنى يوقاتقان كارخانىلار تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىلىپ، «بىر جايدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ھەممىلا جايدا چەكلىمىگە ئۇچراش»تەك ئىناۋەتنى يوقاتقانلارنى بىرلەشىپ جازالاپ ئاگاھلاندۇرۇش مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

بىر قاتار سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بازار ھاياتىي كۈچى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىلىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى تىزىملىنىپ رويخەتكە ئېلىنغان بازار سۇبيېكتى 1 مىليون 109 مىڭ 600 بولغان؛ 2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تىزىملىنىپ رويخەتكە ئېلىنغان بازار سۇبيېكتى 1 مىليون 996 مىڭغا يېتىپ، 2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %79.9 ئاشقان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قۇملۇق ئەمەلىي مەنزىرە ئويۇنى، ئۈچ بۇرجەكلىك قانات قاتارلىق ھۇزۇرلىنىش تۈرلىرى بار بولۇپ، ئېكسكۇرسىيە ساياھىتى، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات ئۈزۈش، پەن تەتقىقات، تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيە، فوتو سۈرەت، قۇملۇق ھەرىكىتى، قۇملۇق مەدەنىيىتىدىن چوڭقۇر ھۇزۇرلىنىش بىر گەۋدە قىلىنغان ساياھەت مەنزىرە رايونى.

«كەنت مېنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش يولىنى تېپىشىمغا ياردەم بەردى، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى» دېدى پىچان ناھىيەسى پىچان بازىرى بازار كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇراخمان ھەببۇل تۆگىگە يەم بەرگەچ خۇشال ھالدا.

ئابدۇراخمان ئەسلىدە ئۈچ مو يەرگە ئۈزۈم تېرىپ، تۆگە بېقىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى، كۈنلىرى ناھايىتى غورىگىل ئۆتەتتى.

2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، ئابدۇراخمان ئائىلىسى تۆت تۆگىنى ئېلىپ مەنزىرە رايونىغا كىرىپ، ساياھەتچىلەرنى سۈرەتكە چۈشۈش، تۆگە مىنىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتتە، ئۇنىڭ تۆگىلىرى 40قا يەتتى، بۇلتۇر كىرىمى 60 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

ۋېن جىلىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: قۇم بىلەن داۋالاش تۈردىمۇ ساياھەتچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، ھەر يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قۇم بىلەن داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى بولۇپ، ھەر كۈنى قۇم بىلەن داۋالىنىدىغان ساياھەتچى 300دىن ئاشىدۇ.

قۇم بىلەن داۋالاش تۈرى يەنە ئەتراپتىكى خاس پۇقراۋى قونالغۇ، خاس يېمەك ـ ئىچمەك، دېھقانلار ئارامگاھى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى قۇملۇق ساياھىتىگە تايىنىپ پۇل تاپتى.

قۇمتاغ ئېتىكىدىكى پىچان بازىرى كىچىك ھوك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئىمەرنىياز سىيىت مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: پۇقراۋى قونالغۇ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا بەش يىل بولدى، قونالغۇغا چۈشىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇم بىلەن داۋالانغىلى كەلگەنلەر. «مەن تۇنجى يىلى پۇقراۋى قونالغۇ ئېچىپ 3000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپقانىدىم، نامىمنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، كەلگەن مېھمانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇلتۇر بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىلا 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتىم» دېدى ئىمەرنىياز.

«بىز مەنزىرە رايونىنىڭ ئومۇمىي مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، مەنزىرە رايونىنىڭ مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى يەنىمۇ قېزىپ، مەنزىرە رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەت بەختەرلىكى كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بۇ يەرنى ساياھەتچىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ ئىنتىلىدىغان قۇملۇق ساياھىتى مەنزىلگاھىغا ئايلاندۇرىمىز» دېدى ۋېن جىلىڭ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)